# قاتناش چىرغى




مەنبە: قصص و حكايات بالعربي

ئۆمەر بلەن ئەلى ئناق دوستلاردن ئكەن. بر كۈنى ئۆمەر ۋېلسپېت هەيدەپ مەكتەپكە مېڭپتۇ. يول ناهايتى قستاڭچلق بولغاچقا، ئۇ بر ئامال قلپ تەستە ئۆتۈپتۇ ۋە يولدا دوستى ئەلى بلەن ئۇچرشپ قاپتۇ. ئەلمۇ ۋېلسپېت هەيدەپ مەكتەپكە كېتۋاتقان ئكەن.



ئۇلار ئۆزئارا سالاملاشقاندىن كېيىن يولنى بىللە داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇلار كېتىۋاتسا، تۇيۇقسىز قىزىل چىراغ يېنىپ، ماشىنىلارنىڭ ھەممىسى يۈرۈشتىن توختاپتۇ. يېشىل چىراغ يانغۇچە، ماشىنىلار بىرقانچە سېكۇنت توختىشى كېرەك ئىكەن. ئەلىنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كېتىپتۇ ۋە دەرھال دوستى ئۆمەرگە قاراپ: - ئاداش، ھازىر يولدىن تېزلا ئۆتۈپ كەتسەك، قانداق دەيسەن؟- دەپتۇ.



www.uyghurkitap.com

ئۆمەر ئۇنىڭغا جاۋابەن: - بولمايدۇ، قارا ئاۋۇ قىزىل چىراغقا، يېشىل چىراغ يانغۇچە بىزمۇ باشقىلاردەك توختاپ تۇرۇشىمىز كېرەك!- دەپتۇ. ئەلى دوستىنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالماستىن، ۋېلسىپىتىنى شۇنداق تېز ھەيدىگىنىچە يولنى كېسىپ ئۆتۈپتۇ ۋە مەكتەپكە قاراپ يولىنى داۋام قىپتۇ. ئۆمەر تاكى يېشىل چىراغ يانغانغا قەدەر ساقلاپ تۇرۇپتۇ. يېشىل چىراغ يانغاندىن كېيىن، ئاندىن ۋېلسىپىتىنى ھەيدەپ يولغا راۋان بوپتۇ.



شۇ كۈنلۈك دەرس ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئەلى دوستى ئۆمەرنى:
«مەن ئەقىللىق ۋە چاققان بولغانلىقىم ئۈچۈن سەندىن بۇرۇن مەكتەپكە
يېتىپ كەلدىم، قالتىسمىكەنمەن؟!» دەپ مەسخىرە قىلىشقا باشلاپتۇ.
ئۆمەر ئۇنىڭ بۇ قىلمىشىغا قەتئىي قارشىلىق بىلدۈرۈپ: «ئۇنداق قىلساڭ
ئۆزۈڭنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ھاياتىنى خەتەرگە ئۇچرىتىسەن» دەپتۇ. بىراق
ئەلى دوستىنىڭ سۆزلىرىگە پىسەنت قىلماپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەتىسى ئۆمەر سىنىپتا تۇيۇقسىز دوستى ئەلىنىڭ دەرسكە كەلمىگەنلىكىنى سېزىپتۇ ۋە كۆڭلىگە كەلمىگەن خىياللار قالماپتۇ. ئاندىن ئۇ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ئۇنى يوقلاپ كەلمەكچى بوپتۇ.



ئۆمەر ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئەلىنىڭ ئېغىر ھادىسىگە ئۇچرىغانلىقىنى ئۇقۇپتۇ. ئەلىنىڭ بىر پاچىقى سۇنۇپ كارىۋاتتا ياتقان ئىكەن، ئەلى بولغان ئىشلارنى دوستى ئۆمەرگە بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.



www.uyghurkitap.com

ئەسلىدە ئۇ ئۆز ئادىتى بويىچە قىزىل چىراغدا توختىمايلا ۋېلسىپىتنى ھەيدەپ يولنى كېسىپ ئۆتمەكچى بوپتىكەن. ئۇ دائىمقىدەك سالامەت ئۆتۈپ كېتىمەن، دەپ ئويلاپتىكەن. ئەمما ئەپسۇس، تۇيۇقسىز كۆتۈلمىگەن ھادىسە يۈز بېرىپتۇ.



ئۆمەر دوستىغا تەسەللى بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن كېيىن قاتناش قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىش ھەققىدە نەسىھەت قىپتۇ. ئەلى دوستىنىڭ ئىلگىرى قىلغان نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزرە ئېيتىپتۇ ۋە ھازىردىن باشلاپ قاتناش قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇنىڭغا ۋەدە بېرىپتۇ.

